# پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ئادەم بولسا سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن«يەنى لايدىن» يارىتىلغان

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ئادەم بولسا سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن«يەنى لايدىن» يارىتىلغان
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزگە مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمايدىغان ۋە چوكچىلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ئەمما جىن بولسا ئوتتىن يارىتىلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەنتەك، بۇزغۇنچى ۋە تاجاۋۇزچى دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىغانلىقى، ئادەم بولسا سىلەرگە بايان قىلىنغاندەك، چەكسە جاراڭلايدىغان ساپالدەك قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان. چۈنكى توپا لايغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاندىن ساپال بولىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۈپەتلىك لايدىن يارىتىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8264

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee